# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

2020 ـ يىل 4 ـ ئاي

26

يەكشەنبە

维吾尔文 4 月26日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25043 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش

### — جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلغان جانلىق ئەمەلىيىتى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى چې جۈگشى، لىن خۇي، ئەن بېي، لى چاڭجېك

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىر ئاغرىقنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ مەنپىي چىقىشى بىلەن، خۇبېي ئۆلكىسى ھەم ۋۇخەن شەھىرىدىكى بارلىق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېغىر ئاغرىق مىسالى نۆل بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بىرمەھەل يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولۇش، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققاندا بىر كۈندە 13 مىڭدىن ئارتۇق ئاغرىق مىسالى يېڭىدىن كۆپىيىشتىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى يېڭىدىن كۆپەيمەسلىك، ئېغىر ئاغرىق نۆل بولۇشقىچە، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە مۇھىم، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋۇخەن خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، قىشتىن باھارغا ئۇلاشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى سانائەت ئىقتىسادى ئۆگۈشسىز ۋەزىيەتتە ئاشتى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش . خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرى — جۇڭگو ئېلېكتىر مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى ۋۇسەيۋەن توك تارقىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىمالىي 2 ـ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 2 × 660 مىڭ كىلوۋاتلىق ئۇلترا كىرىتىك ئوت كۈچى بىلەن توك چىقىرىش 2 ـ نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. «ھازىر بىز جىددىي قۇرۇلۇش قىلىپ، بۇ گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ 6 ـ ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز». شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، باش ئىنژېنېرى شياۋ شيۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 6 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىدۇ، يىلىغا 80 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا ـ باج تاپشۇرىدۇ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى شەرقىي جۇڭگو رايونىغا يەتكۈزۈلۈپ، 2 مىليون 400 مىڭ ئائىلىنىڭ پۈتۈن يىللىق توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تۈرلۈك چارە ـ تەدبىر ئارقىلىق ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان روھ بىلەن قىيىن نۇقتىنى ھەل قىلىپ، توسۇق نۇقتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۈزۈك نۇقتىنى تولۇقلاپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆگۈشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىشتەك سانائەت نەتىجە قەغەزى تاپشۇردى. 1 ـ پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %2.2 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 10.6 پىرسەنت پوئىنت ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇردى.

«ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرىنى پائال يېڭىپ، كارخانىلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، كارخانا خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى، ئىش ئورنىغا قايتىشنى ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق ساھە تايانچ كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆزلىمە نىشانىغا يېتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە مۇھىم، زور تۈرلەردە ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى.» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ئىسرائىل ئىسمائىل.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە — يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى رەنىگە قويۇلۇپ 1 مىليارد 470 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈلدى

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30دىن ئارتۇق كارخانا «بىلىم مۈلۈك»نى «كاپىتال»غا ئايلاندۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رىن خۇا خەۋەر قىلىدۇ: «بانكا تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك 100 مىليون يۈەنلىك ئۆسۈمسىز قەرز ئالالىدىم» ناۋەتكە ئېرىشىش، بۇ شىركەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېنىقكى، «دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر»دۇر.» 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جيۇشېڭخې ئۇرۇقچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مالىيە باش نازارەتچىسى بەي جۇنچاۋ مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ياردىمىدە، بۇ كارخانا «جيۇشېڭخې» يۈرۈشلۈك تاۋار ماركىسى ۋە يەتتە تۈرلۈك پاتېنتنى بىرىكتۈرۈپ رەنىگە قويۇش ئارقىلىق «بىلىم مۈلۈك»نى «كاپىتال»غا ئايلاندۇردى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپلىگەن كارخانا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇش ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ لۈسەي سۇ تېجەش پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈردى، شىنجاڭ جۇنشىن خىمىيە سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 23 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈردى.

«كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، مەركىزىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇلازىمەت قىلدى.»

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېينىڭ شىنجاڭ بانكا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 1 ـ پەسىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بانكىچىلىق كەسپى «بىر بەلباغ، بىر يول»دىكى چېگرا ھالقىغان تۈردىن 320نى قوللىغان، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قالدۇقى 76 مىليارد 132 مىليون يۈەنگە يەتكەن؛ ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتىسىدا جەمئىي 221 ئورۇن قېتىم شىنجاڭ كارخانىسى(بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك، ئوتتۇراھال كارخانا 208)نى 1 مىليارد 135 مىليون يۈەن تاشقى سودا سۇغۇرتا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ئىمپورت ـ ئېكسپورت بانكىسى ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش، سودا مەبلىغى يۈرۈشتۈرۈش، كېپىللىك خېتى، خەلقئارا راسچوت قاتارلىق كەسپ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ سىرتقا چىقىشىنى قوللاپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ۋۇخەندە ئىشلەپچىقىرىلغان پۈتۈن ئاپتوموبىل بېسىلغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى چېگرادىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېينىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە، 252 دانە ئاپتوموبىل بېسىلغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قورغاس تۆمۈريول پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىققان. بۇ بىر تۈركۈم ئېكسپورت قىلىنىدىغان پۈتۈن ئاپتوموبىل ۋۇخەندە ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە توشۇلىدىكەن.

بۇ قېتىم ئېكسپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللار ۋۇخەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن پىششىقلاپ ئىشلەپچىقارغان دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىر تۈركۈم ئېكسپورت پۈتۈن ئاپتوموبىل زاكاز تالونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىل 4 ـ ئايدىن بۇيان، قورغاس تاموژنىسى ئىككى تۈركۈمدە 50 ۋاگون پىكاپ قاچىلانغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزدى، جەمئىي 468 ئاپتوموبىل ئېكسپورت قىلىندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، جاۋ چۈنخۇا خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈر قۇرۇلۇشلىرى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

ئۈرۈمچى خېڭدا مەدەنىيەت ـ ساياھەت ـ ساغلاملىق ـ كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسى تۈرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنما 100 مىليارد يۈەن، ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 11.87 كۋادرات كىلومېتىر، تۆتتە يېشىل، ئېكولوگىيەلىك، كۆڭۈلدىكىدەك، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇش قارىشى ئارقىلىق، سۇ دۇنياسى، باللار دۇنياسى، كۆڭۈل ئېچىش جىلغىسى، ساياھەت دۇنياسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيى باغچىسى، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى باغچىسى، مەززىلىك تائاملار ماكانى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇلغان كۆپ ئىقتىدارلىق مەدەنىيەت ـ ساياھەت ـ ساغلاملىق ـ كۆڭۈل ئېچىش مەنزىرىلىك جايى كۈچەپ بەرپا قىلىنىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئاچتى

## توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۆپ جۇغلانغان كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جيۈن، ما يىنىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۆپ جۇغلانغان كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ھەممە ئادەم قاتنىشىش

سۆز ھەممىگە

□ يۈ يەنيۈن

تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقان ئائىلىلىرى تارقاق باققان غاز شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىغا كىرگۈزۈلگەن، يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بىۋاستە كۆرسىتىشتە مال تونۇشتۇرۇپ نامرات ئائىلىلەر ئۆستۈرگەن 38 توننا چىلاننىڭ سېتىلىش يولىنى تاپقان، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان... يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتى جانلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يول ياساش ئالدىراشچىلىقى

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، چوڭ تىپتىكى توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرى ئېگىزلىكى 70 مېتىر كېلىدىغان قۇم تاغنى ئىتتىرمەكتە. نۆۋەتتە قۇرۇلۇۋاتقان تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان S254 لىنىيەسىدىكى لوپنۇر — چەرچەن تاشيولىنىڭ ئىككى بېشىدا ئىش باشلىنىپ، ئاقما قۇم رايونىغا جەمئىي 100 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىردى. S254 لىنىيەسىدىكى لوپنۇر — چەرچەن تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 333 كىلومېتىر بولۇپ، 2021 ـ يىلى قاتناش باشلاش پىلانلاندى، بۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان 3 ـ تاشيول ھېسابلىنىدۇ. □ چېن جيەنفېي فوتوسى

## «بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى 162 مىڭ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى

«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا خەۋەر قىلىدۇ: ئىككىلىك كودنى سكانىرلاش، يىغىن مەيدانىغا كىرىپ لېكسىيە ئاڭلاش، قىسقىچە تەرجىمىھالنى يوللاش... مەكتەپ قورۇغان «بوشلۇق قوش تاللاش يىغىنى» سۈپىتى ئارقىلىق، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئەشيا ئوبوروتى باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى لياڭ جيەنكۈن جۇڭگو ئىككىنچى ئېرىتىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ «بۇلۇت يۈزتۇرا ئىمتىھانى» بويىچە تەكلىپ قىلىشقا قاتناشتى. «شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنلا مەن قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى لياڭ جيەنكۈن مۇخبىرغا.

2 ـ ئايدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئەتىياز پەسىللىك توردا «بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» پائالىيىتىنى پائال تەشكىللەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ھەر تۈرلۈك توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىدىن 2100 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق ئۆتكۈزۈپ، 162 مىڭ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورى ئارقىلىق 10 مىڭغا يېقىن ئىشقا ئورۇنلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

لياڭ جيەنكۈنگە ئوخشاش، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى ئېنېرگىيە ۋە دىنامىكىلىق قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەلقەم ئەمەرمۇ توردا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق سانجى شەھىرىدىن كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)